# ئىلىكخان تارىخىدىكى بىر نەچچە زور ۋەقە

ليۇگې

ئىلىكخان — قارا خانىلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خاقان — ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىسى، ئوبۇل ھەسەن ئېلى ئىبىن مۇسانىڭ ئوغلى. ئىلىكخاننىڭ ئاتىسى 998-يىلى يېڭىساردىكى غازات ئۇرۇشىدا ئۆلگەن.

ئىلىكخاننىڭ ئىسمى ناسىر ئىبىن ئېلى. ئۇنىڭ بىر ئاكىسى، ئىككى ئۇكىسى بولۇپ، ئۆزى 2-ئوغۇل ئىدى. ئاكىسى ئەخمەت ئىبىن ئېلى (يەنى تۇغانخان I) ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا چوڭ خاقان بولغان؛ چوڭ ئۇكىسى مەنسۇر ئىبىن ئېلى تۇغانخان I ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ خان بولغان؛ مۇھەممەت ئىبىن ئېلى كىچىك ئۇكىسى ئىدى.

ئىلىكخان تارىخ سەھنىسىگە چىققان ۋاقىت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارسلار قۇرغان سامانىلار خانلىقى زەئىپلەشكەن مەزگىل ئىدى. بۇ چاغدا سامانىلار خانلىقى دائىرىسىدىكى تۈركلەر قۇرغان غەزنە خانلىقى كۈچەيگەن، ئۇلار سامانىلار خانلىقىنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، سامانىلار خانلىقىغا ھەر ۋاقىت تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. سامانىلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ ناھايىتى چىرىكلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ خانلىققا تەۋە ئەمەلدارلار ئۈزلۈكسىز ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋاللار قارا خانىلارنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. مىلادى 990-يىلى قارا خانىلارنىڭ بۇغراخانى ھەسەن (ئىلىكخاننىڭ تاغىسى) سامانىلار خانلىقى ئىشغال قىلىۋالغىنىغا 150 يىل بولغان شەھەر — ئىسبىجاب [تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاقسۇ شەھىرى (白水城)، ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چىمكەنتنىڭ شەرقىدە، شەھەرگە 15 چاقىرىم كېلىدۇ] ① نى قايتۇرۇۋالدى، مىلادى 992-يىلى ئۇ يەنە سامانىلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلىشىشى بىلەن سامانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئىشغال قىلدى ②. قارا خانىلارنىڭ زەربىسى سامانىلار خانلىقىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتتى. ئىلىكخان مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. ئىلىكخان ئىشتىراك قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر نەچچە زور ۋەقە ئۇنى X ئەسىرنىڭ ئاخىرى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم بىر شەخسكە ئايلاندۇردى.

## 1. قوشۇن باشلاپ سامانىلار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش

مىلادى 996 - يىلى قارا خانىلار خانلىقى سامانىلار خانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىغاندا، ئىلىكخان قوشۇن باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى. سامانىلار خانلىقىنىڭ خانى نوھ II سامانىلار خانلىقىنىڭ خانى ساتۇق تېكىندىن قوشۇن چىقىرىپ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ساتۇق تېكىن سامانىلار خانلىقىغا ۋاكالىتەن ئىلىكخان بىلەن كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىمگە ئاساسەن، قارا خانىلار خانلىقى سامانىلار خانلىقى دائىرىسىدىكى كاتۋان يايلىقىغىچە بولغان سىردەرياسى بويلىرىنى ئىگىلىۋالدى. بۇنىڭدىن سامانلار خانلىقىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقى، جۈملىدىن چېگرا شەرتنامىسى ئىمزالاشتەك دىپلوماتىيە ھوقۇقىنىڭ غەزنەۋىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، قارا خانىلارنىڭ سامانىلار خانلىقىنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى، سامانىلار خانلىقىنىڭ ھالاكىتىنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 2. سامانىلار خانلىقىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھالاك قىلىش كۈرىشىگە ئىشتىراك قىلىش

مىلادى 999 - يىلى، ئىلىكخان سامانىلار خانلىقى ئوردىسىدىكى ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە يېڭى تەخت ۋارىسى ئابدۇل مالىك II نىڭ كىچىك ۋە ئىقتىدارسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، سامانىلارخانلىقىنىڭ زېمىنىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كىردى[4]. ئۇ پايتەخت بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، سامانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ۋە خان جەمەتلىرىنى ئۆزكەنتكە ئاپىرىۋەتتى. بۇ چاغدا، سامانىلار خانلىقىنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ تۇرغان سامانىلار خانلىقىنىڭ يېڭى خانى مۇھەممەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئامۇدەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سامانىلارخانلىقى زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالدى، شۇنداق قىلىپ سامانىلار خانلىقى غەزنە خانلىقى بىلەن قارا خانىلار خانلىقىنىڭ زەربىسىدە ھالاك بولدى.

سامانىلار خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، خان جەمەتى ئىچىدىكى ئىسمايىل ئىسىملىك بىرسى ئۆزىنى «مىنتاشىر» ( يېڭىلمەس زات ) دەپ ئاتاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. دۈشمەنگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەخمۇت قاراخانىلارغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. مەخمۇتنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىلىكخان بىلەن تۈزگەن كېلىشىمدە، ئامۇ دەرياسىنى ئىككى دۆلەت-

نىڭ چېگرىسى ئېلىش بەلگىلەنسەدى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە دوستلۇقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىككى جەمەت قۇدىلاشتى، مەخمۇت ئىلىكخاننىڭ قىزىغا ئۆيلەندى⑤.

## 3. غەزنە خانلىقىغا ھۇجۇم قوزغاش

قارا خانىلار بىلەن غەزنە خانلىقىنىڭ چېگرا كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقى ۋە قۇدا-باجا بولۇشقانلىقى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز زېمىنىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قانائەت ھاسىل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيتتى، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەخمۇت قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقى، يېڭىلىك قىلىپ ھەرىكەت قوللىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەچكە، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى زەئىپلىشىپ كەتكەن ھىندىستانغا قاراتتى. مەخمۇت تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل (998 — 1030) دە، ھىندىستانغا 17 قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ھىندىستاننىڭ كەڭ زېمىنىنى غەزنە خانلىقى دائىرىسىگە قوشۇۋالدى، مانا بۇ مەخمۇتنىڭ كېڭەيمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قارا خانىلار خانلىقىنىڭ ئىلىكخانىنىڭمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەمەلىي پاكىتلار بار.

مىلادى 1066 - يىلى، ئىلىكخان غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەخمۇتنىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىككى تارماق قوشۇننى باشلاپ غەزنە خانلىقى زېمىنىغا بېسىپ كىردى. مەخمۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھىندىستاندىن دەرھال غەزنىگە قايتىپ كېلىپ، قارا خانىلارنىڭ قوشۇنىنى چېكىندۈردى.

ئىلىكخان مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، غەزنە خانلىقىغا قاراتقان ھۇجۇمىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى ھەمدە بىر نەۋرە ئاكىسى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىلىكخان مەغلۇپ بولدى. غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەخمۇت ئۇرۇشتا جەڭ پىلىنى ئىشقا سالدى، قارا خانىلارنىڭ ئەسكەرلىرى بۇنداق ھايۋان بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولمىغاچقا، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىندى ⑦.

## 4. ئىلىكخان بىلەن تۇغانخان I نىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشى

ئىلىكخان سامانىلار خانلىقىنى ھالاك قىلىش كۈرىشىگە ئىشتىراك قىلدى ھەمدە غەزنە خانلىقىغا ھەربىي يۈرۈش قىلدى، ئۇ بەزىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ،

لېكىن قارا خانىلار خانلىقىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. ئېلىكخان ئاكىسى تۇغانخان I نى كۆزگە ئىلماي، ھىجرىيە 399 ـ يىلىدىن 401 ـ يىلىغىچە (مىلادى 1009 / 1008 ـــ 1011 / 1010) پەرغانە، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا قويدۇرغان پۇلغا چوڭ خاقاننىڭ ئىسمىنى چۈشۈرمىدى [8]. بۇ تۇغانخان I نىڭ دەرغەزەپىنى كەلتۈرگەچكە، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى.

تۇغانخان I غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەخمۇتقا خەت يېزىپ، «ئۇزۇر خالىق ئېيتتى، ئۆز ئىنىسى ئېلىكخاننىڭ خوراسانغا ھۇجۇم قىلغانلىق ۋەقەسىنىڭ تەپسىلاتىنى ئىزاھلىدى»، «سەۋەنلىكىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىنىسىگە دۆڭگەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى» [9].

غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەخمۇت قارا خانىلارغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى ئىزچىل تۈردە كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى. بۇنى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلىدىكى نۇرغۇن ۋەقەلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ قارا خانىلارنىڭ ھەرقانداق تەلىپىگە ماقۇل دەپ، پۇرسەت كۈتتى. غەزنە خانلىقىنىڭ خانى مەخمۇت تۇغانخان I تەرەپتە تۇردى. ئېلىكخان بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، دەرغەزەپكە كەلدى. ئۇ ھىجرىيە 401 ـ يىلى (مىلادى 1010 ـــ 1011 ـ يىللار) «قوشۇن باشلاپ ئۆز قېرىندىشى تۇغانخان بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولدى. لېكىن ئۆز كەنتكە بارغاندا قاتتىق قار يېغىپ كېتىپ، قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلىشىغا كاشىلا قىلغاچقا، ئېلىكخان سەمەرقەنتكە قايتىشقا مەجبۇر بولدى» [10]. گەرچە بۇ قېتىم ئۇرۇش بولمىغان بولسىمۇ، ئېلىكخان ئۆز نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ يەنىلا غەزنە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. «ئۇنىڭ ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى ـــ خوراسانغا قايتىپ ئېلىش، ئاددۆلە (مەخمۇت) دىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ قادىرخان (يۈسۈپ قادىرخان) ۋە ئېلىكخاننىڭ ئىنىسى تۇغانخان II) لارغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئۆزىگە يار ـ يۆلەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى» [11]. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى ھىجرىيە 403 ـ يىلى (مىلادى 1012 ـــ 1013) ئېلىكخان ئالەمدىن ئۆتتى.

ئېلىكخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۇغانخان I نىڭ ئورنى مۇستەھكەملەندى. تۇغانخان I نىڭ ئەلچىلىرى غەزنە خانلىقىغا بارغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ۋاقىتىنچە بېسىقتى.

ئېلىكخان ئىسلام دۇنياسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى، شۇڭا ئۇ «ئاقكۆڭۈل، ئادىل، چىقىشقاق، تەقۋادار مۇسۇلمان ھەممە دىنغا ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشى» دەپ تەرىپلەنگەن [12].

ئەلىكخاننىڭ تارىخى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىلار خانلىقىنىڭ ۋە غەزنە خانلىقىنىڭ تارىخى بىلەن باغلىنىشلىق.

ئۇ قارا خانىلار خانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، شۇڭا ئەلىكخان قارا خانىلار خانلىقى تارىخىدىكى مۇھىم تارىخىي شەخس ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

①③⑤⑥⑦⑧ ئومىران پىرىتساك: «قارا خانىلار خانلىقى تارىخى» (شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان خەنزۇچە تەرجىمە ئورگىنال)،

②④⑨⑩⑪⑫ ئىبىن ئاشىر: «تارىخىي ئومۇمىيە» («قىرغىزلار تارىخى ۋە قىرغىزلارغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابقا قاراڭ، 1973 ـ يىل، موسكۋا پەن نەشرىياتى).

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

ئىلىكخاننىڭ تارىخى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىلار خانلىقىنىڭ ۋە غەزنە خانلىقىنىڭ تارىخى بىلەن باغلىنىشلىق.

ئۇ قارا خانىلار خانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، شۇڭا ئىلىكخان قارا خانىلار خانلىقى تارىخىدىكى مۇھىم تارىخىي شەخس ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

①③⑤⑥⑦⑧ ئومېران پرىتساك: «قارا خانىلار خانلىقى تارىخى» (شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان خەنزۇچە تەرجىمە ئورگىنال)،

②④⑨⑩⑪⑫ ئىبىن ئاشىر: «تارىخىي ئومۇمىيە» («قىرغىزلار تارىخى ۋە قىرغىزلارغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابقا قاراڭ، 1973 - يىل، موسكۋا پەن نەشرىياتى).

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى